## 11014 ـ قىز-خانىملار بىر-بىرىدىن بەدەنلىرىنى يوگىمىسىمۇ بولامدۇ؟

### سۇئال

بىز يېقىندا بىر ئايالنىڭ باشقا ئايالار ئالدىدىكى ئەۋرىتى كىندىكدىن تىزىغىچە دېگەن گەپنى ئاڭلىدۇق، بۇنداق دېيىش توغرىمۇ؟ بولۇپمۇ زىياپەتلەر ۋە يىغىلىشلاردا ئايالارنىڭ ـ ئاللاھ بىزنى يالغانلىقتىن ساقلىسۇن-نېپىز ۋە قىسقا، يان تەرەپلىرىنىڭ ئوچۇقلىقىدىن يوتىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، مەيدىسى ۋە دۈمبىسى ئوچۇق ... كىيىملەرنى كىيىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇنىڭدا مۇسۇلمان ئايالار كىشىگە كافىر دۆلەتلىرىدىكى ئۇسسۇلچى ئايالاردەك، ياكى ئېكراندىكى قالايمىقان كىيىنىپ يۈرىدىغان ئارتىسلاردەك تەسىر بېرىدۇ. ئەگەر ئۇلارغا بۇنداق قىلماسلىقنى ئېيتساق ئۇلار بۇنداق كىيىنىشنىڭ خاتا ئەمەسلىكىنى، ئايالارنىڭ ئەۋرىتى ئايالار ئۈچۈن كىندىكدىن تىزىغىچە ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ. بۇ ھەقتە توغرىسىنى كۆرسىتىپ بەرسىڭىز؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئاللاھقا خاستۇر. ئايال كىشىنىڭ ھەممىلا يېرى ئۇنىڭغا مەھرەم بولالمايدىغان ئەرگە نىسبەتەن ئەۋرەتتۇر. مەيلى ئۇ ئايال ئورانغان بولسىمۇ پىتنە-پاساتقا سەۋەپ بولۇپ قالىدىغان بولسا ئەرلەرنىڭ ئالدىدا ئۇياق- بۇياققا يۈرۈشىمۇ جائىز ئەمەستۇر، چۈنكى ئەركىشى ئۇنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكىنى، مېڭىش ھالىتىنى كۆرىدۇ.
ئايالار ئالدىدا ئايال كىشىنىڭ ئەۋرىتى كىندىكدىن تىزىغىچە، دېگەن بۇ ھۆكۈم پەقەت ئۇنىڭ ئائىلىسىدە، ئاچا- سىڭىللىرى ئالدىدا يۈزۈشنىڭ جائىزلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن ئايال كىشى باشقىلارغا بۇنداق كىيىنىشنىڭ ناچار تەسىر بەرمەسلىكى، ئوچۇق ئاشكارا يۈرۈشنىڭ جەمئىيەتتە كەڭ تارقىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئامال بار ئۆزىنى ئوراپ يۈرۈشى لازىم. شۇنداقلا ئايال كىشى ئۆزىنىڭ مەھرەملىرىنىڭ ۋەسۋەسىگە چۈشۈپ قالماسلىقى ۋە يات ئايالارنىڭ ئۇنى باشقىلارغا تەسۋىرلەپ بەرمەسلىكى ئۈچۈن بەزى مەھرەملىرىنىڭ ۋە يات ئايالارنىڭ ئالدىدا زىننەتلىرىنى ئاشكارىلىماسىقى لازىمدۇر. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دەيدۇ: « ھېچقانداق ئايال ئېرىگە باشقا ئايالارنىڭ سۈپىتىنى ئېيتىپ بەرمىسۇن. « بۇ ئايالارنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايەندە قىلىدىغان كۆكرەك، دۈمبە، بويۇن، بېلەك، پاقالچەك...قاتارلىق ئورۇنلارنى سۈپەتلەپ بەرمەسلىكنى كۆرسىتىدۇ، ئايالار ئادەتتە ئۆزىنىڭ كۆرگەنلىرىنى ئائىلىدىكى ئەر ۋە ئايالار ئالدىدا سۆزلەشنى ياخشى كۆرىدۇ، بۇلارنى ئاڭلىغان كىشىدە خۇددى كۆرۈۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا ئايالار يات كىشىلەر ئالدىدا دىققەت قىلىشى كېرەك، بولمىسا يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ تەمە ئۆبىكتىسىغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن ئايال كىشى كۆكرەك، بويۇن، بېلەك، پاقالچەك.. قاتارلىق ئورۇنلىرىنى باشقا ئايالار ئالدىدىمۇ، مەھرەم ئەرلەر ( ئېرى بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر) ئالدىدىمۇ يوشۇرۇپ يۈرۈشى ياخشىراقتۇر. بۇنداق قىلىش تەقۋالىققا ئەڭ يېقىندۇر. بولۇپمۇ مەكتەپ، دەرسخانا، يىغىلىشلار ۋە دوختۇرخانا دېگەندەك

ئورۇنلاردا گەرچە ئەرلەر بولمىغان ھالەتتىمۇ بۇ نۇقتىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش لازىم، چۈنكى بۇ ئاممىۋى ئورۇنلار بولغاچقا، ئەرلەر ئۇلارنى كۆرۈپ قېلىشى، ۋە ياكى باشقىلار بۇلارنى رەسىمگە تارتىپ باشقىلارغا كۆرسىتىشى، شۇ سەۋەبلىك باشقىلارنىڭ ۋەسۋەسىسىنى قوزغاپ قويۇشلىرى مۇمكىن.

نىپىز ۋە تار كىيىملەرنى كىيىۋالىدىغانلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇشىمىزدىكى سەۋەپ شۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھى ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دىگەن: دوزاختا ئىككى تۈرلۈك ئادەملەر بولۇپ...ئۇلارنىڭ بىرى كىيىم كىيگەن، لېكىن يالىڭاچ ئاياللار، يەنە بىرى چاچلىرىنى چوققىسىغا تۈگىنىڭ لوكىسىدەك قىلىپ تۈگۈۋالغان ئاياللار، بۇلار جەننەتكە كىرەلمەيدۇ، ھەتتا جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇريالمايدۇ. بۇ ھەدىستە نىپىز ياكى تار كىيىملەرنى كىيىۋېلىپ بەدىنىنى باشقىلارغا ئاشكارىلاپ يۈرىيدىغان ئاياللارنى، ۋە پەس ياقىلىق كىيىملەرنى كىيىپ كۆكرەكلىرىنى ئالاھىدە قىلىپ باشقىلارغا بىلىندۈرۈپ يۈرىيدىغان ئاياللارنى كۆرسىتىدۇ. ھازىر يىغىلىش ۋە كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىدا

بۇنداق ئەھۋاللار كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن قىز-خانىملىرىمىز بۇ مەسىلىگە ئاددى قارىماسلىقى لازىم.

ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھ سۇبھانەھۇ ۋەتەئالادۇر.